شنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي
29
جۈمە
维吾尔文 11 月29日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com　24894 - سان　بۈگۈن 4 بەت


# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىرنى ئېلان قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. سودا رىقابىتى يېڭى ئەۋزەللىكىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

# نامرات تاغلىق جايدىن كۆچۈپ چىقىپ، يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋېلىش

## —— ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (10)

□گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى خەن چىنيەن، يۈ چياڭفۇ، لىيۇ يى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايون، نامرات رايون بىرگەۋدىلەشكەن ئېغىر نامرات ناھىيە.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى پامىر ئېگىزلىكىگە «يېتىپ كەلگەندە»، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش پامىر ئېگىزلىكىدىكى نامرات دېھقان - چارۋىچىلارغا ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، تۆت يېزىدىن كەلگەن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 358 نامرات ئائىلىدىكى 1448 كىشى تاتىكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش - ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچتى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەينى يىللاردىكى «قاقاسلىق» بۈگۈنكى كۈندە «ئالتۇن ساھىل»غا ئايلاندى.

باش قىش مەزگىلىدە، مۇخبىرلار تاتىكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش - ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى فۇمىن كەنتى، ئەيمىن كەنتىگە كەلدى، زىيارەت داۋامىدا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنىڭ تاجىك چارۋىچىلارغا ئېلىپ كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى ھەققىي ھېس قىلدى.

لاي، تاشتىن سېلىنغان ئۆيدىن خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق يېڭى ئۆيگىچە ——

«ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۆزگەردى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئالماشتى»

«ئىلگىرى ئولتۇرىدىغان جايىمىز ناھىيە بازىرىدىن ئىنتايىن يىراق ئىدى، تاغ يولى ئەگرى - توقاي بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا بىر قېتىم بېرىش ئۈچۈن دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلىق داۋىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، زۆرۈر بولمىسىلا بىز سىرتقا ئىنتايىن ئاز چىقاتتۇق.» فۇمىن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق غالىب باجى مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇددى چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ بەلدىر يېزىسى شىندى كەنتى يەسلىسىدە كىچىك دوستلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىيرىلغۇچ ئوينىماقتا، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش تاجىك مىللىتى چارۋىچىلىرىغا بەختلىك تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى. □گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جېننەن سىزغان

## نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش ئاچقۇچ

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

□خەن چىنيەن

كىشىلەر تاغ ئىچكىرىسىدىن كۆچۈرۈپ چىقىلسا، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئاران يېرىمى تاماملانغان ھېسابلىنىدۇ، «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىش»نى ياخشى ئىشلەشتە، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش ئاچقۇچ. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشى ئىنتايىن جايىدا بولۇپ، كۆچۈرۈش باشلانغان دەسلەپكى چاغدىلا، كېيىنكى يانداش خىزمەتلەر ۋە كەسىپ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ماس ئىلگىرى سۈردى.

شېنجېننىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىپ قۇرۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شېنجېن كارخانىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، يېڭى كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلارنى نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش؛ ئەنشەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



تىيانشاننى قوغداش　ياۋايى ھايۋانلارنىڭ شادلىق باغچىسى

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىر توپ تىبەت قۇلانى ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ئوتلىماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېگىزلىك ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ياۋايى ھايۋانلار تۈر تۈرى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ، تىبەت قۇلانى، قوتاز، تىبەت بۆكەنى قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشايدىغان شادلىق باغچىسىغا ئايلاندى. □چېن جيەنفېي فوتوسى

# تۇرمۇم ئىشەنچىنى چىڭىتىش　تۇرمۇم ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش تۇرمۇم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش

## —— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى، چوڭقۇرلاشتۇردى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش قىزغىن دولقۇنىنى تېز قوزغاپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىش، قەلبلەرگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىپ، مەسىلىلەرنى تېپىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ۋەزىپىلەرنى تولۇق تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

■ئومۇمىي يىغىن روھىدىن لېكسىيە سۆزلەشنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەشكىللەش

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر قاراتمىلىق ھالدا قاتلاملارغا ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ قەلبلەرگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 72 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيىۈن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 72 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا سۈتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش، سۈ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ يېشىل تەرەققىياتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سۈتچىلىك ساغلام جۇڭگو، كۈچلۈك مىللەتتە كەم بولسا بولمايدىغان كەسىپ، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى بەلگە خاراكتېرلىك كەسىپ ۋە 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك كەسىپ. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 73 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيىۈن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 73 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ دائىمىي كومىتېت 13 - يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار(لايىھە)، «ئاپتونوم رايوننىڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 21 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز لى ياك خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 21 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە)، كۈنتەرتىپى ۋە سىرتتىن قاتنىششش دائىرىسى، ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرى (لايىھە) قاتارلىقلار قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، يۇقىرىقى ئالاقىدار لايىھەلەرنى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP


# سۈپەتلىك ماركا چاقىندى　ماركېتنىڭ دەل جايىدا بولدى

## —— ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال بايان

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□مۇخبىرىمىز رېن جياڭ　پىراكتىكانت ۋاڭ جىڭيۈ

كۆمۈش رەڭ بىلەن قاپلانغان تاغلار، مەرۋايىتتەك سۈزۈك كۆل يۈزى، مىغىلغان تۇمەنلىگەن نەيشۇت دەرىخى چېچەكلىگەندەك تۇمان سۆگىسى... 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت ئېلان قىلىش يىغىنىدا، LED ئېكرانىدا گۈزەل قىش پەسلىدىكى تىيانشان بوغدا كۆلى نامايان بولدى. بۇ يىل 11 - ئايدىن 2020 - يىلى 3 - ئايغىچە، بۇ مەنزىرە رايونى ئوتتۇرىغا چىقارىدىغان 7 - نۆۋەتلىك چوڭ قازان قوي گۆشى بايرىمى، يېڭى يىللىق تىلەك تىلەش، يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق 36 تۈرلۈك ئۆزگىچە مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتى يىغىنغا قاتناشقان ناھايىتى كۆپ ساياھەت كوپېراتىپىنى جەلپ قىلدى. تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھىتى مەنزىرە رايونىنىڭ يەنە بىر نام كارتىسىغا ئايلانماقتا.

مەۋقەنى بايلىقتا قويۇش، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆزگىچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش... بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقايسى جايلار ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش جەريانىدا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)